# رەڭ پادىشاھى

بۇ ئويۇن جىق بالىلار قاتناشسا قىزىيدۇ. شۇڭا ئانا تىل مەكتەپتە ياكى بالىلار پائالىيەتلىرىدە ئويناشقا ماس كېلىدۇ.

ئويۇن بارلىق بالىلارنىڭ بىر قاتار بولۇپ تۇرۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. رەڭ پادىشاھىنى تاللاش ئۈچۈن «ئەنى ۋەنى» نى ئېيتساق بولىدۇ. مەسىلەن:



ئەنى ۋەنى تۈركەن تەنى،

ئاخۇر ماخۇر پەمەدۇر،

ئەس ۋەس

كىك كىلى كۇس ۋاس...

رەڭ پادىشاھى بولۇپ تاللانغان بالا باشقىلارغا دۈمبىسىنى قىلىپ، يىراققا بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، قارشى تەرەپتىكى تامغا بېرىپ تۇرىدى دەيلى. باشقا بالىلار رەڭ پادىشاھىدىن ئاز دېگەندە بەش، ئالتە مېتىر يىراقتا تۇرۇشى كېرەك.

ھەممەيلەن ئورنىدا تۇرغاندىن كېيىن، رەڭ پادىشاھى بىر رەڭنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ: «كۆك!». بۇ چاغدا كۆك رەڭلىك كىيىم كىيگەن بالىلار ئالدىغا بىر قەدەم چامدايدۇ. مەسىلەن كۆينىكىدە كۆك رەڭلىك گۈل بولغان قىزلارمۇ ماڭالايدۇ. لېكىن ئۈچىمىزدا پەقەتلا كۆك رەڭ

بولمىسا چوقۇم جىم تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئويۇندا رەڭ پادىشاھى ھەر ۋاقىت ئارقىسىغا بۇرۇلالايدۇ. ئەگەر رەڭ پادىشاھى بىرەرسىنىڭ ساختىلىق قىلىپ مېڭىۋالغانلىقىنى بايقاپ قالسا، ئارقىسىغا چېكىندۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئويۇن ئوخشىمىغان رەڭلەرنىڭ ئىسمىنى دېيىش بىلەن داۋام قىلىدۇ. باللاردىن كىم ئەڭ ئاۋۋال رەڭ پادىشاھى تۇرغان سىزىققا كەلسە، شۇ ئۇتقان بولىدۇ ۋە كېلەر ئايلانمىدا رەڭ پادىشاھى بولىدۇ.

